# 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە نەزەر

## شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە تۆت چوڭ زاكاز ئىمزالىنىپ، زەنجىر كۈچەيتىلدى، زەنجىر تولۇقلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، جياڭسۇ تيەنيىن مەبلەغ سېلىش پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى تورى، ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك مەركىزى مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىجادىيىتى تەتقىقات - لايىھەلەش مەركىزى تورى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ مەركىزىي تور دېيىلىدۇ) قاتارلىق توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك تورلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىمزالىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە كەسىپ زەنجىردىكى كەم ھالقىلار تېز تولۇقلىنىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىنىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۇزارتىلىپ، كېڭەيتىلىپ، كەسپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى.

ئىگىلىنىشچە، بۇ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، يۇقىرىقى ئىككى تۈردىن سىرت، شىنجاڭ يۇۋېيشا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق، تالا، يىپ ئېگىرىش كەسپلەر باغچە رايونى تورى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يۇۋېيشا تورى دېيىلىدۇ) ۋە ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزىنىڭ ئەسلىي ئىجادىي سۈپەتلىك ماركا يارىتىش ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەركىزى تورى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئەسلىي ئىجادىي سۈپەتلىك ماركا يارىتىش تورى دېيىلىدۇ)مۇ رەسمىي ئىمزالانغان. بۇ تورلار پاختا توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، تالا ۋە باشقا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ياساش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ ھەم سودا مۇلازىمىتى، كۆرگەزمە سودىسى، ئېلېكترونلۇق راسچوت قىلىش، ئىجادىي لايىھەلەش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ چېتىلىدۇ، بۇ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇش، بازار رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەركىزىي تور ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان بولۇپ، 930 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 87 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق سودا كۆرگەزمە زالى، ئىشخانا رايونى، يىمەك - ئىچمەك رايونى قاتارلىقلار قۇرۇلىدۇ، تەتقىقات - لايىھەلەش، تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش، سودا - كۆرگەزمە بىر گەۋدە قىلىنىپ، كېلەر يىلى يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. يۇۋېيشا تورىغا 560 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئاساسلىقى پاختا يىپ ئېلېكترونلۇق تېپىشتۇرۇش سودىسى ۋە رەخت، قوشۇمچە ماتېرىيال قاتارلىق كۆرگەزمە سودا سۇپىسى يادرو قىلىنغان فۇنكسىيەلىك رايون قۇرۇلىدۇ. ئەسلىي ئىجادىي سۈپەتلىك ماركا يارىتىش تورىغا 380 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولۇپ، بىر تۈركۈم توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك مەدەنىيەت ئىجادىيىتى بوشلۇقى، مودا كىيىم - كېچەك T سەھنىسى كۆرگەزمە مەيدانى، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بوشلۇقى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان كىيىم - كېچەك ئىجادىيىتى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، كىيىم - كېچەك لايىھەلەش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزى تەرەققىيات - ئىلگىرى سۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ گوشېڭ مۇنداق دېدى: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە «ئۈچ شەھەر، يەتتە باغچە، بىر مەركەز» قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان 26 ناھىيە (شەھەر، رايون) بار بولۇپ، «ئۈچ شەھەر، يەتتە باغچە» نۇقتىلىق باغچە رايونىدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 80%نى ئىگىلىدى. لېكىن پۈتكۈل كەسىپ زەنجىرىدىكى كەسپلەر ئاساسلىقى خام پاختا، يىپ قاتارلىق ئالدىنقى ئۈچ ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن، ئوتتۇرا، ئاخىرقى ئۈچ كەسىپ زەنجىرى بىر قەدەر قىسقا، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىزراق، ئىجادىيەت تەتقىقاتى، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەرنى جىددىي كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، بۇ نۇقتىلىق تورلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپ ھالىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، مۇھىم ئامىللارنى توپلاش، بوشلۇقنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىشىغا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىگە بولغان يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش رولى ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلىدۇ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە زەنجىرنى كۈچەيتىش، زەنجىرنى تولۇقلاش، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

## ئاككوردىيون ئاۋازى شىنجاڭ ياخشى ئاۋازىنى يەتكۈزدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ

ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ 8 - نومۇرلۇق سارىيىنىڭ 2 - قەۋىتىگە چىقسىڭىز، مەركىزىي مەيدانىنىڭ دوقمۇشىدا ياڭرىغان لەرزان ئاككوردىيون ئاۋازى كىشىلەرنى ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختىتىپ ئاڭلاشقا ئۈندەيدۇ.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سائەت 11دە، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن مۇزىكا ساداسى ياڭرىغاندا، شىنجاڭ ئادەمىيەت ئالاقىسى كۆرگەزمە رايونىدىكى كەيپىيات يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە چىقتى. كىشىلەر مېلودىيەگە ئەگىشىپ پەس ئاۋازدا خور ئېيتتى، ناخشا ئاۋازى بىلەن مۇزىكا ئاۋازى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندى. نۇرغۇن تاماشىبىن يان تېلېفونىنى كۆتۈرۈپ قىسقا سىن ئالدى، جۇڭگو، چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ قولىدىكى فوتو ئاپپارات كۇنۇپكىسىنىڭ ئاۋازى چاراسلىدى.

ئۇچىسىغا رۇس مىللىتى، شىبە مىللىتى، تاتار مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمىنى كىيگەن ئالېكساندىر زازۇلىن، گو شۈنمىن، خەيزاتۇللا ئەنۋەر قاتارلىق ئۈچ مۇزىكانت كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. بىر مۇزىكا تۈگىگەندىن كېيىن، خەيزاتۇللا قىزغىنلىق بىلەن تاماشىبىنلارغا مۇنداق تونۇشتۇردى: «بىز شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىدىن كەلگەن ئالتە شۇئار كوچىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيون مۇزىكا ئەترىتى. كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مېھمان بولۇشىنى قارشى ئالىمىز!»

ئۇلارنىڭ كەينىدە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ نەپىس ياسالغان 20 ئاككوردىيونى بار ئىدى. «بۇ ئاككوردىيونلارنىڭ ھەممىسى ئالېكساندىرنىڭ ئامراق گۆھەرلىرى!» دېدى خەيزاتۇللا.

ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئالتە شۇئار كوچىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيون مۇزىكا ئەترىتىنىڭ قۇرغۇچىسى غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى كوچا باشقارمىسى ئالتە شۇئار كوچىسى مەھەللىسىدىكى رۇس ئاھالىسى ئالېكساندىر ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى ئاككوردىيون ئۇستىسى بولۇپ، ئالېكساندىر ئون يېشىدىن باشلاپلا دادىسىغا ئەگىشىپ ئاككوردىيون چېلىش ۋە رېمونت قىلىشنى ئۆگەنگەن ئىكەن. ئۇ 15 يېشىدىن باشلاپ ئاككوردىيون يىغىپ ساقلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە 27 دۆلەتنىڭ 800دىن ئارتۇق ئاككوردىيونىنى يىغىپ ساقلىغان. 2018 - يىلى، غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت 3 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1200 كۋادرات مېتىرلىق ئاككوردىيون ئەتىۋارلاپ ساقلاش سارىيى سالغان. شۇ يىلى، ئالېكساندىر نەچچە قېتىم كوچا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئاھالىنىڭ ئاككوردىيوندا ئورۇنلانغان مۇزىكىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۈچ كونا دوستىنى تېپىپ بىرلىكتە ھەر خىل ئويۇنلارغا قاتناشقان. كېيىن يەنە باشقا ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان تۆت ئاككوردىيون چېلىش ھەۋەسكارى ئۇلارغا قوشۇلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيون مۇزىكا ئەترىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇرۇلغان.

مۇزىكا ئەترىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئالېكساندىر مۇنداق دېدى: ئالتە شۇئار كوچىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت كوچىسى، 1934 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن مىللەت بۇ يەردە ئىناق ئولتۇراقلاشقان، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش داۋامىدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن. ئاككوردىيون ئەتىۋارلاپ ساقلاش سارىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجىدا تۇغۇلغان يازغۇچى بى شۇمىن ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئاككوردىيونلار غۇلجىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك شەھەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى».

«ئەمەلىيەتتە بۇ ھەربىرىمىزنىڭ قەلبىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى ئەمەسمۇ؟ ھەربىر شىنجاڭلىق ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھاۋاغا ئوخشايدۇ، بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغىلى بولمايدۇ» دېدى ئالېكساندىر.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان 13 ئەزاسى بار. ئاككوردىيون ئەتىۋارلاپ ساقلاش سارىيىدا، ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى، بەشىنچى كۈنى كۆپچىلىك شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ، بىرلىكتە رېپېتىتسىيە قىلىدۇ. «بىز بىرلىكتە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاشنى ئۆگەندۇق، بۈگۈن «مودەنخان»نى مەشىق قىلدۇق، ئەتە بەلكىم «قارا يورغا»نى رېپېتىتسىيە قىلىشىمىز مۇمكىن، كۆپچىلىك ئۆزئارا ئىزدىنىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، ھېسسىياتىمىزمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى.» مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى گو شۈنمىن مۇنداق دېدى: سىرتقا ئويۇن قويغىلى چىققاندا، كۆپچىلىك «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن مۇزىكىنى ئورۇنلاشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

مۇزىكا ئەترىتى قۇرۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، 100 مەيداندىن ئارتۇق تۈرلۈك ئويۇن قويدى، يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «خەلق ناخشىلىرى - جۇڭگو» «ئالتۇن 100 سېكۇنت» سەھنىسىگە چىقتى. مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئەزاسى خەيزاتۇللا بولتۇر يەنە «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» شەرىپىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىم مۇزىكا ئەترىتى پەقەت ئۈچ ۋەكىلنى ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بارلىق ئەزالار بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھاياجانلاندى.

«ئىمپورت كۆرگەزمىسى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ھەمتۈرتكە بولىدىغان چوڭ سەھنە، بىز يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشتەك چوڭقۇر دوستلۇقنى ئىپادىلەپ، شىنجاڭ ياخشى ئاۋازىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى خەيزاتۇللا.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي ئېقىم ئىدىيەسى ئامىمىۋى پىكرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، زورايتىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى نامايان قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى چۆرىدەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش، يېڭى ھۆكۈملەر پارتىيەمىزنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىگە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيەنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە بايراقنى كۆتۈرۈش، خەلق راينى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت بۇرچ - ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرالغۇ ئامانەت فوندىنى ئەمەلىي تاپشۇرغان ئورۇن 37 مىڭ 700گە، تۇرالغۇ ئامانەت فوندىنى ئەمەلىي تاپشۇرغان ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 80 مىڭ 700 كىشىگە يېتىدىكەن. تۇرالغۇ ئامانەت فوندى تاپشۇرۇش ۋە ئامانەت قويۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تۇرالغۇ ئامانەت فوندىنىڭ جۇغلانما مەبلىغى ۋە ئۇنىڭدىن تارقىتىلىدىغان قەرز پۇل كۆلىمىمۇ يېڭى بۆسۈش ئىشقا ئاشىدىكەن. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرالغۇ ئامانەت فوندىدىن جۇغلانغان مەبلەغ مۆلچەرلىنىشىچە 44 مىليارد يۈەنگە يېتىدىكەن، جەمئىي جۇغلىنىدىغان سومما 350 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتىدىكەن. بۇ يىل مۆلچەرلىنىشىچە 22 مىليارد يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىدىغان بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز تۇرالغۇ ئاناۋەتلىك قەرز پۇل بازىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ئۈنۈملۈك كۈچ قوشىدىكەن.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «ئالاقە تورى + ئاقىل ئامانەت فوند» قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتتى. 2018 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە دەرىجىلىك مەركەزلىك بىرلىككە كەلگەن تۇرالغۇ ئامانەت فوندى كەسپى ئايلىنىش سىستېمىسى ۋە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇلدى ھەم ئومۇميۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۆزنەك تور بېكىتى، تور كەسپى چوڭ زالى، يان تېلېفون APPسى، 12329 مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى، ۋىيشىن ئامانەت سۇپىسى، قىسقا ئۇچۇر، مۇلازىمىسىز تېرمىنال قاتارلىق يەتتە چوڭ مۇلازىمەت يولىنىڭ ھەممىسى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسىغا ئۇلاندى. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز تۇرالغۇ ئامانەت فوندىنىڭ ئۆي - مۈلۈك، خەلق ئىشلىرى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ بېجىرىشتە «ماتېرىيال يوق، قاتراش يوق، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش يوق» بولۇشقا قاراپ ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

ھازىرغا قەدەر، «شىنجاڭ تۇرالغۇ ئامانەت فوندى» تور بېكىتىنى زىيارەت قىلىش سانى 30 مىليون 880 مىڭ قېتىمدىن ئاشقان، «شىنجاڭ تۇرالغۇ ئامانەت فوندى» ۋىيشىن ئامانەت سۇپىسىغا چىققانلارنىڭ سانى 1 مىليوندىن ئاشقان، 12329 مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى 7 مىليون 110 مىڭ قېتىم مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن، ئالاقە توردا بېجىرىلگەن كەسىپ 2 مىليون 210 مىڭ قېتىمغا يەتكەن.

---

قەشقەر ۋىلايىتى:

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاچقان كوناشەھەر ناھىيەسى، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە: قەشقەر ۋىلايىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نورمال، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۈچ دەرىجىلىك سېتىۋېلىش - سېتىش مۇلازىمەت تورى ھەم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىگەن.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە قەدەر، قەشقەر ۋىلايىتى جەمئىي 74 كارخانا، سودا سارىيى ھەم سېتىۋېلىش - توپ سېتىش سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئومۇمىي قىممىتى 123 مىليون يۈەن بولغان 12 مىڭ 600 توننا چىلان، ياڭاق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تۇرغۇن قادىر مۇنداق تونۇشتۇردى: كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى، قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، يىغىپ ساقلاش، پىششىقلاش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئومۇميۈزلۈك تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋەزىيىتىنى دەل جايىدا تەھلىل قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ بازار تەمىناتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇردى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازارلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، كىرىپ چىققان ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيەلەپ، كىرىپ چىققانلارنىڭ ئۇچۇرىنى تىزىملاپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، ساغلاملىق كودىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى؛ يېڭى، تىرىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا يېشىل يول ئېچىپ بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇشنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەۋپ - خەتەر تۆلەم تولۇقلىمىسى مېخانىزمى ئورنىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋالدى، نۆۋەتتە 12 باشلامچى كارخانىنىڭ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. سىرتقا ئېلان قىلغان بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ بۇ يىللىق باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئوڭ باھادا سېتىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى سېتىش يوللىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كېڭەيتىپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى كارخانىلار، سودا سارايلىرى، سېتىۋېلىش - توپ سېتىش سودىگەرلىرى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا سېتىشقا تۈرتكە بولدى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە قەدەر، جەمئىي 74 كارخانا، سودا سارىيى ھەم سېتىۋېلىش - توپ سېتىش سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئومۇمىي قىممىتى 123 مىليون يۈەن بولغان 12 مىڭ 600 توننا چىلان، ياڭاق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يولى ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەرقايسى بازار سۇبيېكتلىرى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېتىپ بېرىدۇ. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، شەندۇڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، شېنجېندىن ئىبارەت شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان تۆت ئۆلكە، شەھەرگە جەمئىي 713.5 توننا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتتى. توردا سېتىش سۇپىسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەردىكى يەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش باشلامچى كارخانىلىرىنى تەشكىللەپ، «جىڭدۇڭ» «تيەنماۋ» «نامراتلارنى يۆلەش 832 سۇپىسى» قاتارلىق سۇپىلار بىلەن ئۇدۇللىشىپ كېڭىشىپ، «قوش 11» سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتى ئارقىلىق ياڭاق، چىلان، ئالما قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتتى.